السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بىر ئەئرابى كىلىپ مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىگە كىچىك تەرەت قىلىپ قويغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغىلى تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى توسۇۋالدى ۋە ساھابىلەرنى بىر چېلەك سۇ ئەپكىلىپ، سىيدۈك ئۈستىگە توكۈۋېتىشكە بۇيرىدى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دىگەن: بىر ئەئرابى كىلىپ مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىگە كىچىك تەرەت قىلىپ قويغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغىلى تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى توسۇۋالدى ۋە ساھابىلەرنى بىر چېلەك سۇ ئەپكىلىپ، سىيدۈك ئۈستىگە توكۈۋېتىشكە بۇيرىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ قوپاللىق، جاھىللىق ئادەتلىرى بار بولۇپ، سەۋەب ئۇلار ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھىنى ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى مەسجىدىدە ساھابىلەر بىلەن ئولتۇرغاندا بىر ئەئرابى كىلىپ مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىچىك تەرەت قىلىپ قويدى، ئۇ، بۇ يەرنى سايىلىقتا ئوخشىتىپ قالغان ئىدى، مەسچىتنىڭ ئۇلۇغلىقىغا قارىماي ئۇنىڭ قىلغان بۇ قىلىقى ساھابىلەرگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى، ئۇلار ئۇنى تەرەت قىلىۋاتقان شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە توسماقچى بولدى، لىكىن بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى بولغان، خوش-بىشارەت ۋە ئاسايىشلىق بىلەن ئەۋەتىلگەن رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىنى توسىماسلىقنى دىدى، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەئرابىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەتتى ۋە مەسچىتنىڭ كۆپ يەرلىرىنى بۇلغىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى قويۇۋەتكەن، يەنە ئۇنى توسىۋالغان ئەھۋالدا سىيدۈكىنى توختۇتۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىيان يەتمەسلىكنى مەقسەت قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئىشنى تۈگەتكەندىن كىيىن نەسىھەت قىلسا ۋە تەلىم بەرسە ياخشى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغان. ساھابىلەرنى نىجاسەت ئورنىنى سۇ بىلەن تازىلىۋېتىشكە بۇيرۇغان ئىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3036

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee